# بوساغه و بولونك

(فاس عربلاری نینك تمثیلی : بوساغه‌سی سپوررولكان بولونكی پاسكنه)

كاشغر شهریده باسیلدی

# بوساغه و بولونک

روایت قیلورلارکی صحرای کبیرنینک چتیداکی دره‌لارنینک بریده بر قاضی‌نینک کچیکراك بر حویلیسی بار ایردی. قاضی آوغه چیقّاندا غنه اندا اولتورور ایردی بر کونی شهرکا یانادورغان وقتدا عبّاس دیکان بر ارمنی حویلینی باقغالی قویوب انکا بو اویده آرپا بغدای و دکلت شاخلاری بار اولارنی پات پات الیب چیقیب افتابغه یایینك بوزولوب قالماسون و باشقه اویلارداکی زیلچه کلم قطارلیق اوی سرنجا ملارینی هم پاکیزه‌لاب تورونك کویه یب قالماسون. من کلکونچه همه نرسه‌لارنی پاکیزه قیلیب تورونك. لیکن قچان کلادورغانیمنی تعین قیلالمایمن. منا بو پیش ایوان مهمانلارینکیز اوچون بولسون و مونینك یانیداکی اویده بلاچقانکیز بیلان اولتوروب تورورسیز دیب حویلینی عبّاسغه تاپشوروب خوشلاشیب همراهلاری بیلان شهرکا یانیب کتّی.

عبّاس بو ایشلار اونکای ایکان قچان بولسه قیلالورمن دیب کولا خوش بولدی. لیکن انی قیلامن مونی قیلامن دیب هیچ ایش قیلماس ایردی. هر کونی بوساغه بیلان پیش ایوان و مهمان خانه‌نی اوبدان سپوروب توردی. و کنت خلقی عبّاس حویلیدین اوبدان خبر الیب توراددور دیب خیال قیلور ایردی. امّا عبّاس‌نینك سپوروندو و اخلتنی اوی‌نینك بولونکیغه جوغلاغانینی بیلماس ایردی.

خواجه‌سی کتکاندین بری سوغاق دیب ایرینده‌ی و بیورغان ایشلارنی قیلغالی کونکل قویماغان اوچون ایچکرکی اویلارکا زادی کیرماس. قیش اوتّی و ایرنه‌یاز بولدی. هوا ایسّیغاندا عبّاس خرمالیق

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

باغداکی ایشلارنی قیلغالی توروب کللوقغه قیغ سالیب انی مونی
قیلیب یوروور ایردی. آخر خواجهم پات یقیندا کلیب قالماسون
ایچکرکی اویلارکا بر قایلاب باقای دیب انبارنینک ایشیکینی اچقاندا
اوچ سچقاننینک چیقّانینی کوروب حیران قالدی. اندین اویکا باقسه
اشلیق قویغان تغارلارنی سچقان قرقغان اوچون اشلیقلار هر
طرفکا ساچیلیب دور. تولاسینی سچقان یب دور و قالغانی اونکالی
توروب دور و دکلتلارزی اوتکان اوچون پخسیب بوزولوب دور. عبّاس
درحال ایشیکنی یاپیب ارقهسیغه یاندی و کونکلیده من بر ایش
قیلیب بو اوندولوکومنینک تدارکینی قیلماقیم لازم دور دیدی. امّا
قالغان اویلارنی یوقلاغالی جرءت قیلالماغان اوچون کیرمادی. خفه
لیقینی بر طرف قیلیب کونکلینی تیندورماق اوچون خرمانینک
سایهسیغه باریب یاتیب تماکو چککالی توردی. بر نچه کوندین کین
ایمدی قالغان اویلارنی بر یوقلاب باقای قانداغراق بولوب قالدی
ایکان دیب کیریب باقسه کیکیزلار و تکیهلارنی و اولاردین باشقه یونک
دین قیلغان نرسهلارنی کویه یب تمام خراب قیلیب دور. مونی
کورکانده نهایت قورقتی. قالغان نرسه کیراکنی یورکاب یوشوروب
قویای دیب بر نرسه ایستادی. هر قانچه ایستاسه هم شونچه
بساطدین ساقراق الاقانچه بر کلم تاپالمادی. عبّاس بوینینی قاشلاب
نمه قیلیشینی بیلمای اوز کویی بیلان یوردی. کوندین کون اوتّی
تموزهم بولدی. بر کچهسی اوخلاب یاتقاندا بر آواز انکلاب چوچوب
اویغاندی. بو نمهنینک اونی ایکان دیب سرحساب سالسه توروسدا
قموشنینک اراسیداکی یلاننینک اونی ایکان. ایچکرکی اویلارکا کیرسه
تکی هم شرفه زیادهراك بولدی. انیق بیلدیکی توروسغه یلان تولوب
دور. عبّاس مونی کوروب خیر دیب یانیب چیقیب اوخلادی. ایرتهسی

چونك بر تیاق تاپیب کلیب انینك بیلان توروسغه بر اورغان ایردی .
درحال اوچ تورت یلان نینك بالاسی توشوب کلدی. عبّاس اولارنی
کوروب نهایتی قورقوب پیش ایوانغه چیقیب ایشیکنی اتیب قویدی.
شول کونی اخشامی اغاینیلاری بیلان اولتورغاندا اولارنینك اوتراسیغه
بر یلان کیریب کلدی . اولار قورقوب یلدام قوپوب اداش بو نمه‌نك
دیب واقیراديلار. عبّاس بر تیاقنی آتّی امّا یلان قاچیب کتّی. اولارغه
اداشلار بو عیب اوزونکلارده ایشیکنی اوچوق قویدونکلار یلان تاشقار
یدین کیردی دیدی. لیکن ایچیده یلان بارلیقینی اوزی بیلور
ایردی . مونینك بیلان بر نچه کون اوتوب کتّی. توروسلارده یلان
لار یورور ایردی . بر کونی عبّاس تامغه قایلاسه آلانچه توشوکلار
پیدا بولوب دور. اوبدان قایلاب باقسه چیانلارنینك توشوکلاری ایکان.
بو توشوکلارنی اینتماسام بولماس دیب اویلادی . امّا هیچ بر ایش
قیلغالی کونکل قویمادی . بر اخشامدا اچّیق یغی و فریاد نینك اوازینی
انکلاب باریب کوردی کی کچیك اوغلی نینك پوتینی قرا چیان چاقیب
الغان سببدین یغلاب بی‌آرام بولادور. بیچاره بلا اوچ کون یریم
جان کشیدیك یاتیب اونکلاندی . عبّاس مونی کورکانده تولا غمکین
بولدی . شونچه اونده ایشلارینی کوروب تورسهم پروایبغه کلمای
بایاقیدیك یورور ایردی . ایچکریدین هیچ خبر المادی . خواجه‌سی
نینك قیلینك دیکان ایشینی قیلمادی . بر کون باغقه سو قویوب
یورکانده ایط نینك قاواغانینی انکلادی . قایلاسه بارارغه ادملار
جوغلاشیب دور و بر نچه اطلیق بیلان خواجه‌سی کلیب دور .
عبّاس هانك باقیب بردم قایلاب قالغاندین کین انینك پوتلاری
نینك اغیلیقی بر طرف بولدی و ایاغی خیلی ایتّیدی . درحال بر
سپورکونی قولیغه الیب ایچکری کیریب ایشیکلارنی اچیب سوپورکالی

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

توردی. اول اوینی سپورروب چانك اورلاتیب تراق توروق قیلغاندا سچقانلار انباردین قاچیب چیقتی. قاضی ایشیکدین کیریشی بیلان توروسدین بر یلان توشوب کلیب قاضی‌نینك الدیدا سودر الیب یورکالی توردی. قاضی‌نینك نهایتی اچّیغی کلکان اوچون کب قیلالمادی چونکه قاضی بر قایلاماق بیلان انینك قیلغان ایشلاری نینك همه‌سینی کوردی. شونداغ بولسه هم اونینی چیقارمای اویدین اویکا یوروب بوزولغان نرسه‌لارنی کورور ایردی. لیکن عبّاس اوزی بولونکغه جوغلاب قویغان اخلت‌نینك اوسنیده زونك اولتوردی.

قاضی اویلارنی کوروب بولغاندین کین عبّاسنی قچقیریب ایتّی بو قیلغان ایشینك‌نینك توغراسیدا نمه جواب بروررسن سببینی بیان قیلیب قوتولغیل. امّا عبّاس هیچ جواب برالمای شوك توردی. قاضی یاندیدا کیلارغه ایتّی بوکشی اوزیکا اوزی جزا طیّار قیلیب دور. انی اوزی باقّان سچقان یلان و چیانلارنینك اراسیغه باغلاب قویونکلار اوز عملی‌نینك میوه‌سینی یب نتیجه‌سینی کورسون دیب ویران حویلی دین چیقیب کتّی امّا عبّاسغه نمه واقعه بولغانینی موندا ایتمایدور.

## معنیسی

ای اوقوغوچی و انکلاغوچیلار. انسان‌نینك کونکلی بر اویکا اوخشایدور. اوی دیکان‌نینك بولونکی بار بوساغه‌سی بار. شونداغ کونکل نینك هم بولونك پوچقاقلاری بار. اولارنینك احوالینی اوزونك بیلورسن خدا هم بیلادور. ادملارغه کوروناددورغان بو ساغه‌نی پاکیزه توتارسن یعنی اوز دینینکغه موافق عمل قیلورسن. مثلاً نمازلارنینك وقتینی اوتکازماس سن. شرائط و ارکانلارینی کما ینبغی بجا کلتوررسن. روزه

توتارسن . زکوات بررورسن . سخاوتنی دوست توتارسن و تواضعنی
پیشه قیلورسن . همسایه‌لارینغه رعایت و اعانت قیلورسن . ادملار
بولارنی کورادوور. امّا ایچینکداکی اخلت یغیلغان پاسکنه بولونکنی
کورمایدور. بر یمان ایشنی قیلسانک کورونماسون دیب یوشورورسن .
بو ایشینک کونکلونکدا کی خالی یرکا اخلت یغیب قویغانینک
بولادور. بو اخلت اندین الینغان ایماس‌دور. سنینک کونکلونکده
قرانکغو اویلار بار دورکی پات پات ایشیکینی آچماغانینک اوچون یوروق
توشمایدور. فکرینک‌نینک ایشیکلارینی اتیب قویوب سن. اندا
کناه‌نینک یلانلاری بارلیقینی اوزونک بیلورسن . لیکن کناه‌لارنی
پاتراق اونوتغالی قصد قیلورسن . بو ایشقه عادتلانکانینک اوچون
اوستا بولدونک. کناه‌لارینک سندا اوبدان برکیب الیب دور. کاهیدا
یلانلارنینک بری سن چرایلیق سوپوروب قویغان بو ساغه‌دین چیقیب
کلادور. همسایه‌لارینک انی کورادور. سن خجالت بولوب اوز یمان
ایشلارینک اوچون یانینکدا کیلارنی ملامت قیلورسن . امّا بیلورسن
کی اول ایشلار اوز کونکلونکدین چیقیب دور. بعضی وقت بلا
لارینک سنینک کناهینک اوچون درد تارتادور. امّا بو ایش سنکا آزراق
تنبه بولوب کونکلونکا غم کلتورسه هم اوتوب کتکاندین کین ینه
اونوتوب قالورسن . غافل‌لیقینکدین خطالارینکدین قوتولوش‌نینک
یولینی بیلماکانینک اوچون هیچ علاج قیلمایسن .

ای برادر اوی اوزونک‌نینک‌کی بولغاندا هم موندااغ ایشلار یمان
بولور ایردی . و حالانکه اوی کشی‌نینک کی دور یعنی سن جدانینک‌کی
دور سن . اوزونک کونکل خدانینک اویی دیب ایتماس سن مو . خدا
بارچه مخلوقات‌نینک ایکاسی دور و اول سنی هم یر اتیب دور . سن
غفلتده ایکانده ناکاه خدانینک حکمی کلسه کونکلونک‌نینک

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بولونکلارینی حکم‌کونیده انینک نوریغه کورساتمای . خدانینک الدیغه جوابغه تارتیلسانک نه‌ه علاج قیلورسن . سن هم عبّاسدیک کناه ینک‌نینک سببیدین زندانغه سولانیب اوز عمل‌لارینک‌نینک جزاسینی کوروب دردینی تارتارسن . اول وقت سنکا قوتولغالی هیچ علاج یوق دور .

ای برادر حاضر زندانغه سولانمادینک . کونکلونک‌نینک قرانکغو بولونکلارینی خدای تعالی‌نینک نوریغه آچقالی فرصتینڭ بار . انصاف کوزوڭ برله کناهلارینکغه قایلاب خدادین قورقوب اولارنی تاشلا غایسن . اندین کین کناهنی کوتارکالی کلکان عیسی مسیحغه باقّایسن . غافل‌لیق‌بیلان قیلغان عمل‌لارینکنی یوقاتالماس‌سن . کناهلارینکنینڭ یلان چیانلاری تولا بولوب کتکان سببدین اولارنی قاچورغالی کوچوڭ یتمایدور . امّا سنینڭ اوچون دارغه تارتیلغان عیسی مسیح‌نینڭ اولومیده بر قوّت بار . اول قوّت‌بیلان اوتکان عمرونکداکی قیلغان ایشلارینڭ خدانینڭ الدیدا یوق بولادور و کونکلونڭ ینکی توغولغان بلانینککیدیڭ پاکیزه بولادور . سندا ثابت بولماق اوچون خدادین ایباریلکان روح‌القدّسدا هم قوّت بار دور مونینڭ واسطه‌سی‌بیلان کونکلونکداکی بولونکلار پاکیزه قیلینور . فقط اوشبو طریقه‌بیلان خدانینڭ الدیغه بارغالی لایق بولورسن

امین .

S.M.S. KASCHGAR

1913

Translated From English

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى